# ماركسىزملىق نەزەرىيە ساپاسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە تۈرتكە بولۇشنى ئىلمىي يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىكى ھەرىكەت كۆرسەتمىسى، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۆزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى تىرىشىپ ئىگىلەپ، ھەققىي تۈردە ئېتىقادنى چىڭىتىشنى ئۆگىنىپ چىقىش، مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئۆگىنىپ چىقىش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە قۇرۇش يولىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئاڭلىق ھالدا كوممۇنىزم ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى ۋە سادىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدا ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان مول ماھىيەتلىك مەزمۇننى چوڭقۇر ئىگىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئەمەلىيەت تەلىپىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي تەدبىرىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئومۇميۈزلۈك، دەل جايىدا ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ توختاپ قالماسلىق، دائىم ئۆگىنىپ، دائىم يېڭىلاش روھىنى ساقلاپ، سىجىل يېتىشىپ ئۆگىنىپ، قايتا ـ قايتا چوڭقۇر ئۆگىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان ئۆگىنىش مېخانىزمىنى ياخشى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزلۈكسىز ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

**ھەققىي قول سېلىپ، قىيىنغا تېگىش قىلىپ، پارتىيەنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇش**

شىنجاڭ سىياسىي قانۇن كادىرلار مەكتىپىنىڭ سىياسىي قانۇن كەسپىنى پۈتكۈزگەن جاسارەت مەخسۇت 1988 ـ يىلى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسىغا كىرىپ، 32 يىل ئىزچىل ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە بويىچە قاراپ چىقىش ـ تەكشۈرۈشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلدى. ئۇ كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ـ بۇرچىنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ ساقلاپ، شىنجاڭنىڭ كەسكىن، مۇرەككەپ بولغان بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتى ئالدىدا، نازارەت قىلىش ـ ئىنتىزام ئىجراسى، قاراپ چىقىش ـ تەكشۈرۈشتە بەلگىلىمە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە قاتتىق بولۇپ، قەيسەر ھەم ھەققانىي بولۇپ، قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپ بىر تۈركۈم دېلولارنى بېجىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر تۈركۈم زەھەرلىك ئۆسمە، يوشۇرۇن خەۋپلەرنى قېزىپ چىقىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىنتىزامنىڭ مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلىرىنى قوغداش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 10 ـ قاراپ چىقىش ـ تەكشۈرۈش ئىشخانىسى 2 ـ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى چېن خۇي ئەسلەپ مۇنداق دېدى: بىر قېتىم جاسارەت مەخسۇت بىلەن ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى دېلولارنى دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە باردۇق، شۇ چاغدا بىر سۆزلىشىش ئوبيېكتى پوزىتسىيەدە ئىنتايىن ھەددىدىن ئېشىپ، ھەتتا تەھدىت سېلىپ، «سىلەرنىڭمۇ ئاتا ـ ئاناڭلار، بالا ـ چاقىلىرىڭلار بار، ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرىۋەتمەڭلار، ئۆزۈڭلارغىمۇ چېكىنىش يولى قويۇپ قويۇڭلار» دېدى. لېكىن جاسارەت مەخسۇت قىلچە تەۋرەنمەي، ھەققانىي ۋە كەسكىن قىلىپ «بىز چوقۇم قانۇن بويىچە دېلو بېجىرىمىز. تەھدىت سېلىش، قورقۇتۇش بىزنى قورقۇتالمايدۇ» دېدى. ئاخىرىدا، پولاتتەك پاكىت ئالدىدا، بۇ ئادەم مەسىلىسىنى تاپشۇردى. «بۇ ئىش ئارقىلىق جاسارەت شۇجىنىڭ پارتىيەگە سادىق بولۇش ۋەدىسىنى كونكرېت دېلولاردا نامايان قىلىدىغانلىقىنى ھەققىي ھېس قىلدىم» دېدى چېن خۇي.

2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايوندىكى مەلۇم مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىك كادىرنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بېجىرگەندە، تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ پوزىتسىيەسى قەبىھ بولۇپ، دېلو بېجىرگۈچىلەرگە كۆپ قېتىم ئۆكتەملىك قىلدى.

دېلو بېجىرىشتىكى تىركىشىش ھالىتىگە قارىتا، جاسارەت مەخسۇت بىر تەرەپتىن كۆپچىلىكنى يىپ ئۇچىغا سەۋرچانلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاراپ چىقىلغۇچى ـ تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن ئۆزى سۆزلەشتى. سۆزلىشىش جەريانىدا، جاسارەت مەخسۇت ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ماسلىشىش ئارزۇسى بارلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىن خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ۋاقتىدا ئائىلە تەۋەلىرىگە قارىتىشنى تەلەپ قىلدى. دېلو بېجىرگۈچى خادىملار ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە خىزمەت ئىشلەپ ناھايىتى تېزلا قايىل قىلدى، ئۇلار زاڭ پۇل، زاڭ مال ساقلايدىغان بىر قازناقنى تاپشۇردى.

«ئاختۇرۇش جەريانىدا بارماق ئىزى ۋە DNA ئەۋرىشكىسىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىڭلار.» جاسارەت مەخسۇت كۆپچىلىككە داۋاملىق تاپىلىدى. كۆپ تەرەپتىن ئىسپات ئېلىش ئارقىلىق، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى زاڭ پۇل سېلىنغان ساندۇقتىن تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ DNA ئەۋرىشكىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ، ئۇنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىشقا چېتىشلىق پاكىتنى ئېنىقلىدى، بۇ، رېۋىزىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېجىرگەن قاراپ چىقىلغۇچى ـ تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ «ئېغىز ئىقرارى يوق» تۇنجى دېلو.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 7 ـ قاراپ چىقىش ـ تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى جوۋ زېمىن مۇنداق دېدى: «جاسارەت شۇجى باشتىن ـ ئاخىر بەلگىلىمە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە قاراپ چىقىش ـ تەكشۈرۈش پرىنسىپىنى تەكىتلەپ، پاكىت ۋە دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، بېجىرگەن ھەربىر دېلونىڭ تارىخ ۋە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئاغدۇرغىلى بولمايدىغان دېلو بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى».

سىياسىي جەھەتتىكى سەزگۈرلۈك ۋە قەتئىيلىككە تايىنىپ، جاسارەت مەخسۇت ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى نۇرغۇن زەھەرلىك ئۆسمە، يوشۇرۇن خەۋپلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىدى، شۇنداقلا ئاز بولمىغان كىشى تەرىپىدىن «كۆزگە قادالغان مىخ» دەپ قارالدى، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن قورقۇپ قالمىدى.

جاسارەت مەخسۇتنىڭ سىڭلىسى ئادالەت مەخسۇت مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «ئاكام ئاتا ـ ئانامغا مەن بۇ خىزمەتنى قىلىپ نۇرغۇن كىشىنى رەنجىتىپ قويدۇم، ئەمما مەن قورقمايمەن، قىلغان ئىشىمنى ئۇنى ياخشى قىلىشىم كېرەك، مەندىن ئەنسىرىمەڭلار دېگەنىدى».

**مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى باتۇرلاردىن بولۇش**

شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئالدىنقى سەپ بازىسى ۋە ئاساسىي جەڭ مەيدانى. ئالاھىدە ۋەزىيەت شىنجاڭدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىغا ئالاھىدە بۇرچنى يۈكلىدى ــ بىر قولدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇش، بىر قولدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇش.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى «پېشقەدەم ئەسكەر» بولۇش سۈپىتى بىلەن، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان بولۇش، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇش جاسارەت مەخسۇتنىڭ كۈندىلىك ئىنتىلىشىدە ئىپادىلەندى.

2018 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى نازارەت دەرىجىلىك بىر كادىرنى قاراپ چىقتى، تەكشۈردى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى بۇ رەھبىرىي كادىرنىڭ پارا ئېلىشقا چېتىشلىق قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى.

ئەينى چاغدا بۇ دېلوغا مەسئۇل جوۋ زېمىن خۇشال ھالدا دوكلات قىلدى، جاسارەت مەخسۇت ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن كۆپچىلىككە ئوخشاش ھاياجانلىنىپ كەتمىدى، «سىلەرچە يەنە بىرەر گۇمانلىق نۇقتا بارمۇ؟ ياكى يەنە ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بارمىدۇ؟»

«بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش جەھەتتىكى بىر يىپ ئۇچى بار ئىكەن، بىز تەكشۈردۇق، لېكىن ئىسپات تاپالمىدۇق» دېدى جوۋ زېمىن.

«زادى نوقۇل ‹پۇل ئېلىپ ئىش بېجىرىش›تەك ئىقتىسادىي مەسىلىمۇ ياكى بۇنىڭغا يوشۇرۇنغان باشقىچە مەقسەت بارمۇ؟ بىز چوقۇم تاشقى كۆرۈنۈش ئارقىسىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك» دېدى جاسارەت مەخسۇت سەزگۈرلۈك بىلەن ئەسكەرتىپ، «ئەڭ ئاخىرقى پەيتكىچە، ھەرقانداق بىر گۇمانلىق نۇقتىنى ھەرگىز بوش قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ».

جاسارەت مەخسۇت كۆرسەتكەن يۆنىلىش بويىچە، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى يىپ ئۇچىنى داۋاملىق چوڭقۇر قازدى، دەل دېلونى قاراپ چىقىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ئاخىر بۇ ئوبيېكتنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان يېڭى يىپ ئۇچىنى ئىگىلەپ، كۆپ يىل يوشۇرۇنۇۋالغان بۇ «ئىككى يۈزلىمچى»نى قېزىپ چىقتى.

32 يىلدىن بۇيان، جاسارەت مەخسۇت مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنى باشلاپ نۇرغۇن دېلولارنى تەكشۈرۈپ بېجىردى، ھەر قېتىم ئاچقۇچلۇق پەيت ۋە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كەلگەندە، ئۇ ھامان ئەڭ قاتتىق «قىيىنچىلىقنى» يېڭىپ، ئەڭ قىيىن «تاغ چوققىسى»غا ھۇجۇم قىلدى. بىر مۇھىم، زور، مۇرەككەپ دېلودا بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن جاسارەت مەخسۇت ئىلگىرى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مۇناسىۋەتلىك دېلو يىپ ئۇچلىرىنى قايتا ـ قايتا تەھلىل قىلىپ، تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم قىلىپ، يىپەكنى تارتىپ غوزەكنى چىقىرىپ، تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان زەھەرلىك ئۆسمە، يوشۇرۇن خەۋپلەرنى قېزىپ چىقتى.

ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە كۈنىدە، جاسارەت مەخسۇت يەنىلا ئىككى ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن سۆزلىشىشنى تاماملاشتا چىڭ تۇردى، ئۇلارغا سۆزلىشىشكە چاقىرتىش خىزمەت لايىھەسى، سۆزلىشىشكە چاقىرتىش تېزىسىنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكەلنى تۇتۇشنى تاپىلىدى، ھەم كونكرېت يېتەكچى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«يولداش جاسارەت دۈرۈس ئادەم، رەزىللىكتىن قاتتىق يىرگىنىدۇ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئۇنىڭ مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ماڭا: بىز ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيەلىك كادىرلار قوشۇنىدىكى ئاشۇ ‹ئىككى يۈزلىمچى›لەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلمىساق، پارتىيە ئىشلىرىغا يۈز كېلەلمەيمىز، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە يۈز كېلەلمەيمىز، دېگەنىدى» دېدى قاراپ چىقىش ـ تەكشۈرۈش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت مەخسۇت بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ 15 يىل كۈرەش قىلىپ پىنسىيەگە چىققان كادىر خې گوخۇا.

**سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئۈلگىتىش ـ يېتەكلەش ئارقىلىق كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە پولات قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش**

بازغانچىنىڭ بىلى چىڭ بولۇشى شەرت. دېلو بېجىرىش تەجرىبىسى مول بولغان جاسارەت مەخسۇت دائىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەتداشلىرىغا سىياسەت، نەزەرىيە، دېلو بېجىرىش تەسىراتى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، يېڭى خىزمەتكە قاتناشقانلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىي جەڭ جەريانىدا ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

«جاسارەت شۇجى دائىم بىزگە: سىلەر ئادەتتە كەسپنى تەتقىق قىلىپلا قالماي، يەنە پارتىيەنىڭ سىياسەت، نەزەرىيەلىرىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشىڭلار، بولۇپمۇ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللاڭلارنى قوراللاندۇرۇشۇڭلار، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىڭلار، خىزمەتكە تۈرتكە بولۇشۇڭلار كېرەك، دەيتتى.» جوۋ زېمىن مۇنداق دېدى: جاسارەت مەخسۇتنىڭ ئۈستەلىگە دائىم «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» قاتارلىق كىتابلار قويۇلغان بولاتتى، بوش ۋاقتى بولسىلا ئەستايىدىل ئۆگىنەتتى، چوڭقۇر نەزەرىيە ئاساسى ئۇنىڭ سىياسىي يۈكسەكلىكىنى ئۆستۈردى، دېلو بېجىرىشتىكى كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە غەيرىتىنى ئاشۇردى.

2005 ـ يىلى، ۋاڭ ۋېي ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسىغا يېڭىدىن كىردى. ئەينى ۋاقىتتا سۆزلىشىش بىرقەدەر كۆپ ئىدى، ھالبۇكى ئۇنىڭغا ئوخشاش يېڭى خىزمەتكە قاتناشقانلارمۇ بىرقەدەر كۆپ ئىدى. سۆزلىشىش ئوبيېكتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىرقىسىم «چوڭ رەھبەرلەر» بولۇپ، يېڭى خىزمەتكە قاتناشقانلار سۆزلەشكەندە، روشەنكى جاسارىتى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن بولغاندا، يەتتە ئادەمنىڭ ئىچىدىكى بەش ئادەم بىلەن بولغان سۆزلىشىشنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمىدى. «جاسارەت شۇجى ئەينى ۋاقىتتا 1 ـ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى، ئۇ بىزدەك يېڭى خىزمەتكە قاتناشقانلارنى بىر ـ بىرلەپ باشلاپ سۆزلىشىش ئوبيېكتلىرى بىلەن سۆزلەشتى. كەچتە كۆپچىلىك بىللە ئولتۇرۇپ مۇزاكىرىلەشتۇق، ئۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرى ۋە دېلو بېجىرىش ماھارىتىنى سۆزلەش ئارقىلىق، بىزگە سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ بېرىپ، بىزنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزگە ياردەم بەردى.» ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 9 ـ قاراپ چىقىش ـ تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغان ۋاڭ ۋېي چوڭقۇر تەسىراتىنى ئېيتىپ بولغان ھالدا: «جاسارەت شۇجى ئەينى ۋاقىتتا بىزگە ‹ئېسىڭلاردا بولسۇن، سىلەر پارتىيەگە، تەشكىلگە ۋاكالىتەن سۆزلىشىسىلەر، چوقۇم ئىشەنچ ۋە كۈچ بولۇش كېرەك›، دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەنىدى. بۇ سۆز بىزنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى، شۇنداقلا بىزنىڭ دېلو بېجىرىشتىكى قەتئىي ئېتىقادىمىزغا ئايلاندى» دېدى.

«ئىلگىرى مەن ھەممىشە دېلودا بۆسۈش بولغانلىقىنى جاسارەت شۇجىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان توپلىغان مول دېلو بېجىرىش تەجرىبىسىدىن دەپ قارايتتىم، كېيىن شۇنى چۈشەندىمكى، پارتىيە ۋە خەلققە بولغان قىزغىن مۇھەببەت، كەسىپكە بولغان ئىشتىياق بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوخشاش كۈرەش روھىغا ئىگە بولغىلى بولىدىكەن» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 8 ـ قاراپ چىقىش ـ تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يەن بىڭجې.

جاسارەت مەخسۇتنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى خۇددى ئىللىق ئېقىمغا ئوخشاش قاراپ چىقىش ـ تەكشۈرۈش بىرىنچى سېپىدىكى يولداشلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى، ئۇ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتى ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىختىساسلىقلارنى ئېلىپ قېلىشقا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، زەربىدارلىق كۆرسىتەلەيدىغان، پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بىر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە پولات قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.